ياخشى بالىلار ھەققىدە ھېكايىلەر

# ئەمگەك سۆيەر بالا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




# ئەمگەك سۆيەر بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان مۇھەممەت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

好孩子爱劳动的故事/高厚满著：吾买尔江译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.4（2007.4重印）
ISBN 978－7－228－09993-1

Ⅰ.好… Ⅱ.①高…②吾… Ⅲ.儿童文学－故事－作品集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.1287.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第031357号

责任编辑：依明江·艾木都拉
责任校对：帕丽达·艾力
封面设计：米尔扎提·阿布都拉·塔吉

好孩子爱劳动的故事（维吾尔文）
吾买尔江·买买提 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 4.125印张
2006年8月第1版 2007年4月第2次印刷
印数：4061—7060

ISBN 978-7-228-09993-1 定价：7.50元

بۇ كىتاب خۇبېي ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2003 ـ يىلى4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖北少年儿童出版社 2003 年 4 月第 1 版,2003 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版 .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: پەرىدە ئېلى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

# ئەمگەك سۆيەر بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان مۇھەممەت
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى NO 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى:4.125
2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4061—7060
ISBN978-7-228-09993-1
باھاسى: 7.50 يۈەن

بۇ ھېكايىلەردە ھەربىر مەشھۇر شەخسنىڭ بالىلىق چاغ-
لىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردا يېزىلغان-
لىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك دوستلارنىڭ ئۆز ھېكايىلىرىدۇر.

ئەلۋەتتە، قىممەت قارىشىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبى-
دىن ياخشى بالىنىڭ مۇتلەق ئۆلچىمى يوق. ياخشى بالا دېگەن
بۇ ئاتالغۇ ئەقىللىق، راستچىل، پىداكار، تىرىشچان، ئاددىي -
ساددا، ئوماق... قاتارلىق نۇرغۇن گۈزەل ئۇقۇملار بىلەن باغ-
لىنىشلىق بولىدۇ. ئالايلى، ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسون كى-
چىك چاغلىرىدىن باشلاپ، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇپ، «نې-
مە ئۈچۈن؟» دەپ سوئال سوراشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭدىن
ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بېشى ئاغرىيتتى، ئۇنى قەستەن چاتاق تې-
رىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، مەكتەپتىن چېكىنىشكە نەسىھەت قىل-
غان. لېكىن، ئۇنىڭ ئاپىسى بۇنداق قارىمايتتى. ئۇنىڭ قارى-
شىچە، ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى چۈ-
شەنمىگەن. ھەربىر بالىدا چوڭلار ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان
ئۇنداق ياكى بۇنداق ھەرىكەتلەر بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرىكەت-
لەرنى خاتا دەپ قارىماي، ئۇنى توغرا يېتەكلىشىمىزگە توغرا
كېلىدۇ. شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا بىر ياخشى بالىنىڭ مەشھۇر
شەخس بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر كىتابتا، مۇھاكىمە ۋە تەھلىل
ئېلىپ بېرىلمىدى. ھېكايە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىتاب
ئوقۇش سالانى شەكلىدە كىچىك دوستلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تە-
پەككۇر قىلىشىغا، پەرق ئېتىشىگە، مۇنازىرە قىلىشىغا پۇر-
سەت يارىتىپ بېرىلدى ھەمدە كۆپ خىل جاۋاب ۋە ئوخشاش
بولمىغان پىكىرلەر بويىچە كىچىك دوستلارنىڭ ئەركىن ھەم
كۆپ قىرلىق تەپەككۇر قىلىشىغا ئورۇن بېرىلدى.

كىچىك دوستلار ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنى
ئاتا - ئانىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماش-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

تۇرۇپ، تەھلىل ئېلىپ بارسا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سىلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ياردىمى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ھېكايىلەر كىچىك دوستلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشتىكى ۋە سىنىپ يىغىنى ئېچىشتىكى خام ماتېرىيال بولالايدۇ.

ياخشى بالىلار ھەققىدىكى بۇ ھېكايىلەردە ئۆگىنىش ئاساس قىلىنماي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرۇش ئاساس قىلىنغان. ئۇلاردا بالا بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىش مەقسىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ كىچىك دوستلارغا تەقدىم قىلىنغان ناھايىتى ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، قائىدىلىك يېڭى ئەسىرنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# کىرىش سۆز

ئىنسانىيەت تارىخىدا، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر يېتىشىپ چىقىپ، شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بەزىلىرى تاغ ـ دەريالارنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ھەيۋەتتى بىلەن بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن؛ بەزىلىرى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ ئەلنى قايتا قۇرغان؛ بەزىلىرى چوڭقۇر ئىدىيە ۋە ئېقىملارنى يارىتىپ، تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان؛ بەزىلىرى ئاجايىپ ئىستېداتى بىلەن ئالەمشۇمۇل زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار باتۇرلار، غالىبلار، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بولۇپ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر.

شۇڭلاشقا، بىز «ئەمگەك سۆيەر بالا»نى تۈزۈپ، ئاشۇ مەشھۇر شەخسلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ھەربىر كىچىك دوستقا تەقدىم قىلدۇق.


گې خۇڭ ........................1
لومونوسوف ....................7
لىنكولىن........................13
مارك تۋېن......................19
چى بەيشى......................25
رۇدېرفود ......................31
جېك لوندون ...................37
جۇدې ...........................44
لى سىگۇاڭ ....................50
بېتىيۇن .........................55
تاۋ شىڭجى ...................60
سوڭشىيا شىڭجىجۇ ..........66
ژۇكوف ..........................72
دىسىنىي ........................79
لو رۇيچىڭ .....................84
لى شيەنىيەن ..................91
تيەنجۇڭ جياۋرۇڭ ..........96
ماندېلا .........................103
ئېكىكا ..........................109
كول ..............................117

# گې خوڭ

گې خوڭ قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر دورىگەر، مىلادىيە 281 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسى جۇرۇڭ ناھىيىسىدىن. ئۇ دورىگەرلىك جەھەتتە نۇرغۇن تۆھپە قوشقان، دورىگەرلىككە ئائىت ئەسەرلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ مول بىلىمگە ئىگە، ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى.



گې خوڭنىڭ دادىسى گې تى شەرقىي جىن سۇلالىسىدە مەنسەپدار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە، مەنسەپدارلارنىڭ ئائىلىسى بىرقەدەر باي ئىدى، ئەمما، گې تى پاك ـ دىيانەتلىك ئەمەلدار بولغاچقا، ئۇزۇن يىل مەنسەپ تۇتقان بولسىمۇ، پۇقرالارنى قاقتى ـ سوقتى قىلمىغاچقا، پارا ئالمىغاچقا، بىر ئائىلە كىشىلىرى يەنىلا نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۇ ئادىل، پاك ـ دىيانەتلىك بولغاچقا، شۇ جايدىكى پۇقرالار ئۇنى ماختىشاتتى؛ ئەمما ئۇ پارا بېرىپ جازادىن قۇتۇلماقچى بولغان نۇرغۇن ئادەمنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويدۇ. كېيىن، ئۇ شاۋلىڭنىڭ ۋالىيلىقىغا ئۆستۈرۈلىدۇ. كىم بىلسۇن، ئۇ مەنسەپكە ئولتۇرۇپ ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆچۈرۈپ

كېلىشكە ئۇلگۈرمەيلا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، گې خۇڭ ئامال بار ئانىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتمەكچى بولىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىدۇ.

گې خۇڭ باشقىلارنىڭ كوچىلاردا ئوتۇن سېتىپ يۈرگەن- لىكىنى كۆرۈپ، ئوتۇن سېتىپ ئانىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلەت- مەكچى بولىدۇ، ئانىسى گې خۇڭنى تېخى كىچىك، تېنى ئاجىز دەپ، بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايدۇ. گې خۇڭ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا ئاخىر ئامالسىز قوشۇلىدۇ. ئانىسى ئۇنىڭغا بىر ھەمراھ تې- پىپ، ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ، تاغقا يولغا سالىدۇ. گې خۇڭ تاغنى ياخشى كۆرەتتى.
تاغدىكى سالقىن شامال- نىڭ چاچلارنى يەلپۈپ ئۆتۈشى، گۈل - گى- ياھلارنىڭ خۇش ھى- دى، بۈك - باراقسان ئورمانلىقنىڭ پىنھانلىقى ئۇنىڭ قەلبىدە گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلەرنى پەيدا قىلاتتى. ئەمما ئوتۇن كېسىپ پۇل تېپىش ئۈنچىلىك ئا- سان ئىش ئەمەس ئى- دى. ئۇ كىچىك ھەم ئاجىز بولغاچقا، كەس- كەن ئوتۇنىمۇ، تاپىدى-



غان پۇلىمۇ ئاز ئىدى. بەزىدە ھەتتا كەسكەن ئوتۇنلىرىنى ساتالمايتتى.

گې خوڭ ئۆسمۈر ۋاقىتلىرىدا كىتاب ئوقۇشقا، خەت يېزىشقا قەۋەتلا ئامراق ئىدى. بىر قېتىم، ئۇ ئۆيدىن ئىنتايىن يىراق دەنياڭ شەھىرىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كىتاب ئارىيەت ئالغىلى بارماقچى بولىدۇ. يولغا چىقىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى كېچىسى، ئۇ خۇشاللىقىدىن تۈن نىسپىغىچە ئۇخلىيالمايدۇ. كۆزى ئەمدىلا ئىلىنىشىغا چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە، ئۇ دەنياڭ شەھىرىگە ئۇچۇپ بېرىپتۇدەك، ئاق باش بىر خىزىر ئۇنىڭغا بىر قۇچاق كىتاب بەرگۈدەك. ئۇ ئويغىنىپ يوتقاننى قۇچاقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىتابقا ئېرىشىشكە تەشنا ئىدى.

ئۇ تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن كېچىچە ئۇخلىماي بىر دۆۋە كىتاب تاللاپ، ئالدىراپ خوشلىشىپ ماڭىدۇ. يول بويى ئەس - يادى مۈرىسىگە ئارتىۋالغان كىتابلاردىلا قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە توختاپ كىتابلارنى ئوقۇپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئۆزىدىن چوڭ بىر تاغار كىتابنى كۆتۈرۈۋالغان، ئۈستۈبېشى توپا - چاڭغا مىلەنگەن بۇ ئورۇق بالىغا قىزىقسىنىپ قارايدۇ. دەل شۇ چاغدا پۇزۇر كىيىنگەن بىر بەگزادە ئاتلىق سەيلىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ غەلىتە بالىنىڭ جۇرۇڭ ناھىيىسىدىكى «خىسلەتلىك بالا» گې خوڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قەستەن ئۇنى ئەخمەق قىلماقچى بولىدۇ. بەگزادە ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، قىيسىيىپ، كۆزىنى قىسىپ: «ھوي، بۇ گې خوڭ ئەمەسمۇ؟ نېمە كىتاب ئارىيەت ئېلىپ كەلدىڭ؟» دەيدۇ. گې خوڭ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېرەن قىلماي، يولغا ماڭىدۇ.

«ھەي، ئالدىرىما، ئۇنداق كۆپ كىتاب ئوقۇپ نېمە جاپا ساڭا، مانا مەن كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكتىن غېمىم يوق، كىتابنى ئۇنچە كۆپ ئوقۇمىغان بولساممۇ، ھال ـ ئەھۋالىم ئوبدان كېتىپ بارىدۇ. ئويلاپراق ئىش قىل، ئۆزۈڭنى قىيناپ نېمە قىلىسەن؟»

ھېرىپ ـ ئېچىپ كەتكەن گې خۇڭ بۇ سېسىق گەپلەرنى ئاڭلاپ غەزىپىنى بېسىۋېلىپ سوغۇقلا: «سەن يۇندى ئازگاللىرىدىكى لايىپېگەكنى كۆرگەنمۇ، ئۇ قارىغۇلارچە تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ، دېڭىزنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ؛ چىرىگەن ئوتتىكى يالتىراق قوڭغۇز قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ» دەيدۇ.

بۇ قۇرۇق سۆلەت بەگزادە گې خۇڭدىن دەككىسىنى يەپ ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇ غودۇرىغىنىچە ئېتىنى قامچىلاپ كېتىپ قالىدۇ.

بۇلۇت قېلىن بولسا، يامغۇر قاتتىق ياغىدۇ.
كىرىچ كۈچەپ تارتىلسا، ئوق يىراققا بارىدۇ.
—— گې خۇڭ



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com







بىزنىڭ كىتاب ئوقۇش سالونىمىز بۈگۈن رەسمىي
قۇرۇلدى. سالونىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ياخشى باللارنىڭ ھېكايە-
سىنى ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتىمىزنى ئالماشتۇرۇش.
مۇئەللىم، ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى
دائىم ئۆگىنىپ ئىگىلەپ تۇرسا، ئادەم ئۆزىمۇ تەدرىجىي پە-
زىلەتلىك بولۇپ قالىدۇ، دېگەنىدى. بۇ كىتابتا ئۇلۇغ ئەدىب
ۋە مەشھۇر زاتلارنىڭ كىچىك چاغلىرىدىكى ئىشلىرى سۆز-
لەنگەن، بىز ئۇنى ئوقۇساق ئىنتايىن كۆپ بىلىمگە ئېرى-
شەلەيمىز. بۈگۈن كۆپچىلىك ئۆزلىرىنىڭ گېپ خۇشىنىڭ
ئۆسمۈرلۈك چېغىدىكى ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى
تەسىراتىنى سۆزلەپ باقسۇن، قېنى، كىم ئاۋۋال سۆزلەيدۇ؟




بوۋامنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتا - ئانىنىڭ تەربى-
يىسى بالىنىڭ قەلبىگە خۇددى سىم - سىم يام-
غۇردەك سىڭىپ كىرىدىكەن. گېپ خۇشىنىڭ دادىسى
پاك - دىيانەتلىك ئەمەلدار بولغاچقا، پۇقرالارنىڭ
ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ ئانىسى ئىقتى-
سادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرىدىغان، ئاق كۆ-
ڭۈل، بالىلىرىغا كۆيۈنىدىغان ئايال ئىكەن. بۇلار
گېپ خۇشقا ياخشى تەسىر قالدۇرغان.



مى مى

گې خۇڭ كىچىكىدە ناھايىتى غەرەز ئۇقمىغان بالا ئىكەن، ۋاپاداركەن. ئانىسىغا كۆيۈنۈشنى بىلىدىكەن. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئوتۇن سېتىپ ئانىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلەتكەن.

گې خۇڭ، يۇندى ئازگىلىدىكى لايىپېگەك دېڭىزنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ؛ چېرىگەن چۆپتىكى يالتىراق قوڭغۇز قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ، دېگەن. مېنىڭچە بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ مەنىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، قۇرۇق سۆلەت بەگزادىنىڭ جېنىغا تەگكەن. ئەمما، ئۇ بەگزادە بۇ سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن.



جيا جيا

## بۈگۈنكى سوئال



سىز «يۇندى ئازگىلىدىكى لايىپېگەك دېڭىزنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ، چېرىگەن چۆپتىكى يالتىراق قوڭغۇزنىڭ قۇياشنىڭ پارلاق نۇرىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

# لومونوسوف



لومونوسوف رۇسىيىلىك ئاتاقلىق ئالىم. 1711 - يىلى تۇغۇلغان، ئۇ ھەم يازغۇچى، شائىر، تىلشۇناس، رەسسام، تارىخشۇناس؛ ھەم جۇغراپىيىشۇناس، گېئولوگ، مېتالشۇناس، فىزىك، خىمىك. ئۇ رۇسىيىدە تۇنجى ئۇنىۋېرسىتېتنى قۇرغان، ئۆزىمۇ «بىر ئۇنىۋېرسىتېت» دەپ ئاتالغان.

لومونوسوف رۇسىيە ئەدەبىياتى ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى مەشھۇر ئالىم. ئۇ نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ ماددىنىڭ يوقالماسلىق قانۇنى ۋە ھەرىكەتنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى بايقىغان؛ ئاتوم ۋە ئېلېمېنت ئىلمىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ماددىنىڭ قۇرۇلما پرىنسىپىنى يېشىپ بەرگەن. چاقماق قايتۇرۇش خادىسى، فوسفورلۇق ئەينەك، شەيتان، يورۇقلۇق يىغقۇچى لىنزا، ئانېمومېتىر قاتارلىق نۇرغۇن پەن - تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى كەشىپ قىلغان. شۇڭا رۇس خەلقى ئۇنى «ئىلىم - پەن ئاتىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

لومونوسوفنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى ئاق دېڭىز بويىدا ئۆتكەن. ئەينى چاغدا، رۇسىيىنىڭ شىمالىي رايو-

نىدا مەدەنىيەت بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئارخانگې-
لىسكى رۇسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ پورت شەھىرى ئىدى، ئەنگلى-
يە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سودا پاراخوتلىرى بۇ
جايغا دائىم كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. بۇ خىل مۇھىت ئۇ
نىڭ قىزىقىشى ۋە ئىرادىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ
ئون ياش چېغىدىن باشلاپلا دادىسىنىڭ بېلىق تۇتۇشىغا ياردەملىشىپ، قارا بوران، دەھشەتلىك دولقۇن بىلەن ئېلىشىش
جەريانىدا قەيسەر ئىرادىلىك بولۇپ پىشىپ چىققان. ئېغىر
ھەم جىددىي ئەمگەك ئۇنىڭدا جاپاغا چىداش روھىنى يېتىل
دۈرگەن. گۈزەل ھەم سىرلىق تەبىئىي مەنزىرىلەر ئۇنىڭ نە
زەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن.

لومونوسوف ئون ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى بىلەن كې-
مىدە شىمالىي مۇز ئوكيانىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ كەلمەكچى
بولىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە بىرنەچچە كۈن بېلىق تۇتۇپ كېمىنى
توشقۇزۇپ قايتىپ كەلمەكچىدى. ئەمما، ئارا يولدا قارا بورانغا
يولۇقۇپ قالىدۇ. دېڭىزنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، قاتتىق بوران
يىرتقۇچلاردەك ھۆۋلايدۇ، شىددەتلىك بوران كېمىنى يالماپ
يۇتۇۋېتىدىغاندەك كېمىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلىدۇ. دەھشەتلىك
چاقماق بېلىقچىلارنىڭ بېشىدىلا چاقىدۇ، دېڭىز غەزەپلىك
شاۋقۇنلايدۇ، غايەت زور دولقۇنلار كېمىنى ئۇياق - بۇياققا چاي-
قايدۇ، بوراننىڭ ھۆۋلىشى بىلەن دولقۇننىڭ شاۋقۇنى بېلىق-
چىلارنىڭ چۇقانلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ. لومونوسوف كۈچەپ
پالاق ئۇرىدۇ، بارلىق كۈچىنى ئىشلىتىپ قىيسايغان كېمىنىڭ
تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ. ئۇ كېمىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ
غايەت زور دولقۇننىڭ يۆنىلىشىنى كۆزىتىدۇ. ئۇ كۆپچىلىك
بىلەن بىرگە قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئازراقلا ھايات قېلىش

## ئەمگەك سۆيەر بالا

ئامالى ۋە پۇرستى بولسىلا ئۇنى قولدىن بەرمەي كېمە بىلەن ئادەم تەڭلا غەرق بولۇش پاجىئەسىدىن ئامالىنىڭ بارىچە ساق-لىنىدۇ.

تۇيۇقسىز، قۇلاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنى-دۇ، ئەسلىدە غايەت زور مۇز پارچىسى كېمىگە يېقىنلاپ كې-لىپ قالغانىدى. ناۋادا مۇز پارچىسى كېمىگە سوقۇلىدىغان بولسا، كېمە پاچاقلىنىپ كېتەتتى. بىردىنلا غايەت زور دول-قۇن كېمىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ، مۇزغا قارىتىپ ئاتىدۇ.



لومو-نوسوف كۆزىنى چىڭ يۇ-مۇۋالدۇ، كېمە مۇزغا قاتتىق سوقۇل-غاندا، ئۇ بىرياققا ئۇچۇپ كېتىدۇ. ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنى قاتتىق

ھەم سىلىق مۇز ئۈستىدە كۆرىدۇ.

دادىسى مىڭ بىر تەستە لومونوسوفنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ كېلىپ مۇز ئۈستىدە مىدىرلىماي يېتىۋېلىشنى ئېيتىدۇ.

لومونوسوف يۈزىدىكى سۇلارنى قولىدا ئېرتىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى توڭلاپ تاراقشىپ كەتكەنىدى. بەختكە يارىشا، ئادەملەرمۇ، كېمىمۇ ئامان قالغانىدى. ئاشۇ غايەت زور دولقۇن كېمىنى مۇز ئۈستىگە ئاچىقىپ قويغانىدى. كېمە مۇز ئۈستىدە ئۇن نەچچە مېتىرچە تېيىلىپ بېرىپ توختاپ قالغانىدى. بېلىقچىلار توڭلاپ غال - غال تىترەيتتى. ئەمما، ئۇلار غايەت زور دولقۇننىڭ يەنە كېلىپ كېمىنى دېڭىزغا چۈشۈرۈۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كېمىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالىدۇ.

كېمە چوڭ مۇز پارچىسى ئۈستىدە مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك كېمىدىكى بىرېزېنت رەختلەرگە ئورىنىپ، بوران - چاپقۇننىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتىدۇ.

ئەتىسى دېڭىز تىنچىيدۇ. بېلىقچىلار كېمىنى دېڭىزغا چۈشۈرۈپ يېڭى سەپىرىنى باشلايدۇ.

بۇ قېتىمقى قارا بوران ۋە شىددەتلىك دولقۇندىن كېيىن، لومونوسوف ئىنتايىن تېز پىشىپ يېتىلىدۇ. ئۇ قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايدىغان، ھەرقانداق خەتەرلىك توسقۇلارنى بۆسۈپ ئۆتەلەيدىغان بولىدۇ ھەمدە بىرقەدەم - بىرقەدەمدىن ئىلىم - پەننىڭ چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com